2019 ـ يىللىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى پارتىيەنىڭ ئىچكى ئىستاتىستىكا ئاخباراتى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى

2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگە قەدەر، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 91 مىليون 914 مىڭ نەپەر بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1 مىليون 320 مىڭ نەپەر ساپ كۆپەيگەن.

ھازىر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى 4 مىليون 681 مىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 71 مىڭ ساپ كۆپەيىپ، كۆپىيىش نىسبىتى %1.5 بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قاتلام پارتىيە كومىتېتى 249 مىڭ، باش ياچېيكا 305 مىڭ، ياچېيكا 4 مىليون 127 مىڭ.

بىرىنچى، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى

پارتىيە ئەزالىرىنىڭ جىنسى، مىللىتى ۋە ئوقۇش تارىخى. ئايال پارتىيە ئەزاسى 25 مىليون 599 مىڭ نەپەر بولۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %27.9نى ئىگىلىدى. ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزاسى 6 مىليون 803 مىڭ نەپەر بولۇپ، %7.4نى ئىگىلىدى. ئالىي تېخنىكوم ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە پارتىيە ئەزاسى 46 مىليون 615 مىڭ نەپەر بولۇپ، %50.7نى ئىگىلىدى.

پارتىيە ئەزالىرىنىڭ يېشى. 30 ياش ھەم ئۇنىڭدىن تۆۋەن ياشتىكى پارتىيە ئەزاسى 12 مىليون 315 مىڭ نەپەر، 31 ياشتىن 35 ياشقىچە بولغان پارتىيە ئەزاسى 9 مىليون 946 مىڭ نەپەر، 36 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان پارتىيە ئەزاسى 8 مىليون 827 مىڭ نەپەر، 41 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان پارتىيە ئەزاسى 8 مىليون 644 مىڭ نەپەر، 46 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان پارتىيە ئەزاسى 9 مىليون 362 مىڭ نەپەر، 51 ياشتىن 55 ياشقىچە بولغان پارتىيە ئەزاسى 8 مىليون 794 مىڭ نەپەر، 56 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان پارتىيە ئەزاسى 7 مىليون 451 مىڭ نەپەر، 61 ياش ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى پارتىيە ئەزاسى 26 مىليون 577 مىڭ نەپەر.

پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيەگە كىرگەن ۋاقتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى پارتىيەگە كىرگەنلەر 174 مىڭ نەپەر، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن ئىلگىرى پارتىيەگە كىرگەنلەر 15 مىليون 509 مىڭ نەپەر، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇرۇن پارتىيەگە كىرگەنلەر 61 مىليون 277 مىڭ نەپەر، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان پارتىيەگە كىرگەنلەر 14 مىليون 955 مىڭ نەپەر.

پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كەسپى. ئىشچى(ئىشچى تېخنىك خادىم) 6 مىليون 445 مىڭ نەپەر، دېھقان ـ چارۋىچى، بېلىقچى 25 مىليون 561 مىڭ نەپەر، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىدىكى كەسپىي تېخنىك خادىم 14 مىليون 403 مىڭ نەپەر، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىدىكى باشقۇرغۇچى خادىم 10 مىليون 104 مىڭ نەپەر، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىم 7 مىليون 678 مىڭ نەپەر، ئوقۇغۇچى 1 مىليون 960 مىڭ نەپەر، باشقا كەسپىي خادىم 7 مىليون 104 مىڭ نەپەر، دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققانلار 18 مىليون 661 مىڭ نەپەر.

ئىككىنچى، پارتىيە ئەزالىقىغا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالى

2019 ـ يىلى پارتىيە ئەزالىقىغا تەرەققىي قىلدۇرۇلغانلار جەمئىي 2 مىليون 344 مىڭ نەپەر بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 289 مىڭ نەپەر كۆپەيدى.

پارتىيە ئەزالىقىغا تەرەققىي قىلدۇرۇلغانلارنىڭ جىنسى، مىللىتى، يېشى ۋە ئوقۇش تارىخى. پارتىيە ئەزالىقىغا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ئايال 994 مىڭ نەپەر بولۇپ، %42.4نى ئىگىلىدى. پارتىيە ئەزالىقىغا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرى 236 مىڭ نەپەر بولۇپ، %10.1نى ئىگىلىدى. پارتىيە ئەزالىقىغا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان 35 ياش ھەم ئۇنىڭدىن تۆۋەن ياشتىكى كىشىلەر 1 مىليون 883 مىڭ نەپەر بولۇپ، %80.3نى ئىگىلىدى. پارتىيە ئەزالىقىغا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ئالىي تېخنىكوم ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە كىشىلەر 1 مىليون 68 مىڭ نەپەر بولۇپ، %45.6نى ئىگىلىدى.

پارتىيە ئەزالىقىغا تەرەققىي قىلدۇرۇلغانلارنىڭ كەسپى. ئىشچى (ئىشچى تېخنىك خادىم) 143 مىڭ نەپەر، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىدىكى كەسپىي تېخنىك خادىم 316 مىڭ نەپەر، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىدىكى باشقۇرغۇچى خادىم 253 مىڭ نەپەر، دېھقان ـ چارۋىچى، بېلىقچى 424 مىڭ نەپەر، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىم 134 مىڭ نەپەر، ئوقۇغۇچى 844 مىڭ نەپەر، باشقا كەسپىي خادىم 229 مىڭ نەپەر. ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەتنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىشلەيدىغان پارتىيە ئەزالىقىغا تەرەققىي قىلدۇرۇلغانلار 1 مىليون 222 مىڭ نەپەر.

ئۈچىنچى، پارتىيە ئىچىدىكى تەقدىرلەش ئەھۋالى

2019 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى جەمئىي 199 مىڭ ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنى تەقدىرلىدى، 910 مىڭ نەپەر مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسىنى تەقدىرلىدى، 232 مىڭ نەپەر مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسىنى تەقدىرلىدى.

تۆتىنچى، پارتىيەگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلىش ئەھۋالى

2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە پارتىيەگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغانلار 18 مىليون 992 مىڭ نەپەر، پارتىيەگە كىرىش ئاكتىپلىرى 9 مىليون 24 مىڭ نەپەر.

بەشىنچى، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالى

پارتىيەنىڭ يەرلىك كومىتېتلىرى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە پارتىيەنىڭ ھەر دەرىجىلىك يەرلىك كومىتېتلىرىدىن جەمئىي 3202سى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر)لىك پارتىيە كومىتېتى 31، شەھەر(ئوبلاست)لىك پارتىيە كومىتېتى 397، ناھىيە (شەھەر، رايون، خوشۇن)لىك پارتىيە كومىتېتى 2774.

شەھەر كوچا باشقارمىسى، يېزا ـ بازار، مەھەللە (ئاھالە كومىتېتى)، مەمۇرىي كەنت پارتىيە تەشكىلاتلىرى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 8636 شەھەر كوچا باشقارمىسى، 31 مىڭ 62 يېزا ـ بازار، 105 مىڭ 257 مەھەللە (ئاھالە كومىتېتى)، 533 مىڭ 824 مەمۇرىي كەنتتە پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلدى، قاپلاش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %99تىن ئاشتى.

ئورگان، كەسپىي ئورۇن، كارخانا ۋە جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئورگان ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىدىن جەمئىي 723 مىڭى بار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىدىن 913 مىڭى، كارخانا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىدىن 1 مىليون 477 مىڭى، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىدىن 142 مىڭى بار بولۇپ، قۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق قۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

(ئىزاھات: بۇ ئاخباراتتىكى قىسمەن جەملەنگەن سان ياكى نىسپىي ساننىڭ بىرلىكىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ھېسابلاش خاتالىق پەرقى مېخانىكلىق تەڭشەلمىگەن).

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنى پۈتۈپ، جەزمەن باشتىن ـ ئاخىر ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان، پارتىيەنىڭ ساپلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق ئامىللارنى قەتئىي تازىلاپ، پارتىيەنىڭ تېنىدە پەيدا بولغان بارلىق زەھەرلىك ئۆسمىلەرنى قەتئىي كېسىپ تاشلاپ، ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچقا خىلاپ بولغان، پارتىيەنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىدىغان بارلىق خەۋپ ـ خەتەرنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى جانلىق ئەمەلىيەت بولۇپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى بىرلىكى، سىياسىي جەھەتتىكى ئىتتىپاقلىقى، ھەرىكەت جەھەتتىكى بىردەكلىكىنى ئىلگىرى سۈردى، پارتىيەمىزنىڭ «تۆت ئۇلۇغ»نى بىرتۇتاش ئىگىلەش، «ئىككى 100يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن ئىدىيە جەھەتتىن، سىياسىي جەھەتتىن، تەشكىلىي جەھەتتىن، ئىستىل جەھەتتىن قىلىنغان كۈچلۈك سەپەرۋەرلىك بولۇپ، مۇھىم، زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر ئۇزاق تارىخىي تەسىرگە ئىگە.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىدە ھەر قېتىملىق پارتىيە ئىچىدىكى مەركەزلىك تەربىيە تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىپ، يېڭى دەۋردە پارتىيە ئىچىدىكى مەركەزلىك تەربىيەنى قانات يايدۇرۇش ئۈستىدە يېڭى ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلدى، يېڭى تەجرىبىلەر توپلاندى. بىرىنچى، دىققەتنى باش تېمىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاساسىي لىنىيەنى چىڭ كۆزلەش. ئىككىنچى، يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكلەش. ئۈچىنچى، ئورگانىك يۇغۇرۇپ بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىش. تۆتىنچى، مەسىلىنى چىڭ كۆزلەپ، دەل جايىدا تۈزىتىش. بەشىنچى، قاتتىق نازارەت قىلىپ، ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن كۈچەش. ئالتىنچى، قۇرۇق ئىش قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەش. نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ، ئىشنى ياخشى باشلاپ، ياخشى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىشتا نەتىجە قازىنىشقا ماھىر بولۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلپىنى ھەقىقىي جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، دۆلىتىمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، بىزنىڭ پارتىيەمىز خەلقنى يېتەكلەپ نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، ۋەزىيەت، مۇھىتتىكى ئۆزگىرىشنىڭ تېزلىكى، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلىقى، زىددىيەت، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنىڭ كۆپلۈكى، پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى دۇچ كەلگەن سىناقنىڭ زورلۇقى مىسلىسىز بولماقتا.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پۈتۈن پارتىيە بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلىشىغا سىجىل تۈرتكە بولۇشى كېرەك. ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى جەزمەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسى قىلىپ، دائىم بوشاشماي تۇتۇش كېرەك؛ جەزمەن ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىرادىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك؛ جەزمەن مەسىلىگە توغرا قاراش جاسارىتى ۋە پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىش ئاڭلىقلىقى ئارقىلىق پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ جەزمەن كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش كېرەك؛ جەزمەن پارتىيەنىڭ ئىچكى تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم شەكىللەندۈرۈش كېرەك؛ جەزمەن رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار باشلامچى بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: ۋەزىيەت قانچە كەسكىن، مۇرەككەپ بولغانسېرى رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىرادىنى شۇنچە ساقلاپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توغرا كېلىدۇ، ۋەزىپە قانچە مۈشكۈل، ئېغىر بولغانسېرى رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باتۇرلۇق بىلەن شۇنچە باشلامچى بولۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشىغا توغرا كېلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىشى كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۆگىنىش يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار يىغىنلىرىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە مۇھىم ئورۇنغا قويدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سالمىقىنىڭ زورلۇقى، كۆلىمىنىڭ كەڭلىكى، تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى مىسلىسىز بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ نامراتلارنى ئازايتىش تارىخىدا مۆجىزە ياراتتى. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى جەڭگە ئاتلىنىپ، ئۆزى جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم سۆزلەرنى قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بېرىپ، بىزنىڭ بىرلا غەيرەتكە كېلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىمىزنى ئىلمىي يېتەكچىلىك بىلەن تەمىنلىدى، قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. ھۆكۈمەت پارتىيە گۇرۇپپىسى ۋە ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى تارماقلار ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، تېخىمۇ زور ئىرادە، تېخىمۇ كۈچلۈك سالماق بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، قەتئىي تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتتە تاماملاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، قېپقالغان نامرات نوپۇسنىڭ قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان نوپۇسنىڭ ئومۇميۈزلۈك مۇستەھكەملىنىپ قايتا نامراتلىشىپ كەتمەسلىكىگە، نامراتلىق گىرۋىكىدىكى ئاسانلا نامراتلىشىپ كېتىدىغان نوپۇسلاردا يېڭى نامراتلىقنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش، بەش دەرىجىلىك تەڭ ھەرىكەتكە كېلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ۋۇشۇسكا ئېلىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، مەسىلىلەرنى بايقاش ئارقىلىق، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھۆكۈم چىقىرىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، كەمتۈكلۈكلەر، ئاجىز تۈرلەرنى ۋاقتىدا تولۇقلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك. كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى قۇراشتۇرۇش قاتارلىق ئەمگەك كۈچى زىچ كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، يېزا ـ كەنت ساياھىتى قاتارلىق كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەسىپ ئارقىلىق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سىجىل مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. تۈر قۇرۇلۇشىنى قاتتىق تۇتۇپ، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرلىرى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق يۆلەش تۈرلىرىنى يولغا قويۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ئۈنۈمنى كەنت، ئائىلە، ئادەمگىچە يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. نامرات نوپۇسنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلەش ئارزۇسى ۋە كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، تىزىملىك دەپتىرىنى ياخشى تۈزۈپ، كۆڭۈلدە سان بولۇش، نىشانلىق ئوق ئېتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. يەرلىك كارخانىلار، ھەمكارلىق كوپېراتىپى قاتارلىقلارنى بىر تۈركۈم ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورۇنلىرىنى ئېچىشقا پائال قوزغىتىپ، نامرات نوپۇسنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش ـ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ دەللىك دەرىجىسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز يۇقىرى سۈپەتتە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلپىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنى قەتئىي يېڭىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يەنىمۇ يېنىكلىتىپ، كادىرلارنى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان ياخشى سىياسىي ئېكولوگىيە يارىتىش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يوليورۇقىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى زىچ چۆرىدىلىپ، ۋەزىيەت تەھلىل قىلىنىپ، مەسىلىلەر تەتقىق قىلىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ياشانغانلار ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك، ماس، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ ياشانغانلار خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. «ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ خىزمەت قائىدىسى» «ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتىغا ئەزا ئورۇنلارنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ياشانغانلار كۆپىيىش دەرىجىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ھەر مىللەت ياشانغان ئاممىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ياشانغانلار كۆپىيىشى ئېلىپ كەلگەن جەمئىيەت مەسىلىلىرىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر، زور، ئەھمىيىتى چوڭقۇر. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ياشانغانلار خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ياشانغانلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشى، جەمئىيەت ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىش، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىش، جەمئىيەت قاتنىشىش، ئومۇمىي خەلق ھەرىكەتكە كېلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ياشانغانلار كۆپىيىشكە يۈزلىنىشنى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، ياشانغانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ياشانغانلار كۆپىيىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاچقۇچنى چىڭ تۇتۇپ، مۇلازىمەت تەمىناتىنى كېڭەيتىش، سىياسەت جەھەتتىن قوللاشنى كۈچەيتىش، خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ياشانغانلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشى، ئاساسىي داۋالىنىشى ۋە ئاساسىي كۈتۈنۈشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى كۈچەپ ياخشى ھەل قىلىپ، ياشانغانلارنى كۈتۈش، ياشانغانلارغا ۋاپادار بولۇش، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش سىياسەت سىستېمىسى ۋە جەمئىيەت مۇھىتىنى پائال بەرپا قىلىش كېرەك. ياشانغانلارنىڭ ساغلاملىقىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ياشانغانلارنىڭ ساغلاملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەرىكىتىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، داۋالاش بىلەن كۈتۈنۈشنى بىرلەشتۈرۈشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ياشانغانلار ساغلاملىقى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ياشانغاندا كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى سىستېمىسى قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلىتىش، بولۇپمۇ ئائىلىدە، مەھەللىدە كۈتۈنۈش مۇلازىمىتىدىن ئىبارەت بۇ كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاشنى تېزلىتىش كېرەك. ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىداردىن قالغان ياشانغانلار، يېزىلاردىكى ئۆيدە قالغان ياشانغانلارغا قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، «بەخت چوڭ قورۇسى» قاتارلىق يېزىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان ياشانغاندا كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى ئەندىزىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ياشانغانلارنىڭ ماس قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە كىرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ياشانغانلار كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ياشانغانلار كەسپىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. ياشانغانلارنىڭ ئىجابىي رولىنى كۈچەپ جارى قىلدۇرۇپ، ياشانغانلارنى ساغلام روھىي ھالەت ۋە ئالغا ئىنتىلىش روھىنى ساقلاپ، ئاكتىپ كۈچنى جارى قىلدۇرۇش، يېڭى تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ياشانغانلار خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەت كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ياشانغانلارغا ئالاقىدار بايلىقنى پائال قوزغاپ، بىرىكتۈرۈپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنى ياشانغانلار خىزمىتىگە ئورتاق قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ياشانغانلار ئىشلىرى تەرەققىياتىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەڭلىك سىيت يىغىنغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)